بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

## 24- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار» (سۈرە ئەنفال 28- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «يەنى بۇ (يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار) — الله تەرىپىدىن سىلەرگە قىلىنغان بىر تۈرلۈك سىناق ۋە ئىمتىھاندۇر چۈنكى الله تعالى ئۇ نېئمەتلەرنى سىلەرنىڭ ئۇ نېئمەتلەر ئارقىلىق ئۆزىگە شۈكۈر قىلىدىغانلىقىڭلار ۋە بويسۇنىدىغانلىقىڭلار ياكى نېئمەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ الله نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنىغا شۇ نېئمەتلەرنى ياخشى كۆرۈپ كېتىدىغانلىقىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىلەرگە بەردى.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً﴾ <سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز> (سۈرە ئەنبىيا 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى الله نىڭ زىكرىدىن (يەنى الله نىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر> (سۈرە مۇنافىقۇن 9- ئايەت).

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار> (سۈرە تەغابۇن 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يەنى الله تعالى نىڭ ساۋابى، نېئمەتلىرى ۋە جەننەتلىرى سىلەر ئۈچۈن ماللاردىن، باللاردىن ياخشىدۇر چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىلەردىن ھېچنەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ. الله پاكتۇر، ئۇ ئۆز مۈلكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب باردۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: <ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، كىمدە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىش تېپىلسا ئۇ كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. بۇلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش، بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە پەقەت الله نىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، الله كۇفرىلىقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى ئۆچ كۆرگەندەك ئۆچ كۆرۈشتۇر> (مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈشنى بولسا باللارنى، مال-مۈلۈكلەرنى ۋە ئۆز جانلىرىنى ياخشى كۆرۈشتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: <مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا (ئۇنىڭ) جېنىدىن، بالا-چاقىلىرىدىن، مال-مۈلكىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچە مۇئمىن بولالمايدۇ>» («مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

سەييىد قۇتۇب رحمه الله بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ قۇرئان ئىنسان ۋۇجۇدىغا ياراتقۇچى ئۆزى بىلىدىغان شۇ ئىنساندىكى يوشۇرۇن قورۇلما ئارقىلىق خىتاب قىلىدۇ ھەمدە ئىنسانغا ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدىكى ھالەتلەر ۋە مەسىلەكلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىدۇ چۈنكى ئۇ زات بۇ مەخلۇقنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىغا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئۆزىدىكى ئىنتايىن چوڭقۇر ئاجىزلىق نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن بۇ قۇرئان شۇ ئىنساننى مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىنى ئاتا قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە دىققەت قىلدۇرىدۇ... بۇ ھەقىقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، الله تعالى بۇ مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىنى ئىنسانلارنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلغان چۈنكى بۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ پەردازلىرىدۇر. الله بۇ پەرداز ئارقىلىق بەندىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، يەنى <بەندە بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەققىنى ۋە شۈكرانىسىنى ئادا قىلامدۇ ياكى بۇ نېئمەتلەر سەۋەبلىك الله تعالى نىڭ شۇ نېئمەتلەردىكى ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئولتۇرۇۋالامدۇ؟> دېگەنلەرنى كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً﴾ <سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز> (سۈرە ئەنبىيا 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)...

چۈنكى پىتنە (يەنى سىناق) پەقەت قاتتىقچىلىق ۋە موھتاجلىق بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى كەڭرىچىلىك ۋە مولچىلىق بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ مال ۋە باللار دەل مولچىلىق ۋە كەڭرىچىلىك سىنىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ <بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر>. ناۋادا قەلب ئىمتىھان ۋە سىناقنىڭ ئورۇنلىرىغا قانچىلىك ئاگاھ بولسا، ئىمتىھاندىن شۇنچىلىك غاپىل بولماي ئېھتىياتچان بولۇشقا پايدىلىقتۇر. شۇڭا الله تعالى بۇ قەلبنى ياردەمسىز قويمايدۇ چۈنكى قەلب گاھىدا ئويغانغاندىن كېيىنمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىن سۇسلىشىپ قالىدۇ چۈنكى قۇربان بېرىش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش، شەرىئەت تەكلىپلىرى تولىمۇ ئېغىر، بولۇپمۇ مال-مۈلۈك ۋە بالا-چاقا ھەققىدىكى ئىنساننىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى ئۇلارنى تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلدۇرىدۇ. دەل بۇ يەردە الله تعالى ئىنسان قەلبىگە تېخىمۇ پايدىلىق، تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان كۆرسەتمىلەرنى بېرىدۇ. ئىنسان بۇ كۆرسەتمىلەرنى پىتنىگە قارشى ياردەمچى قىلىدۇ. بۇ كۆرسەتمە الله نىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئەكس ئەتكەن: ﴿وَأَنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ <الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار>. چۈنكى بەندىلەرگە مال-مۈلۈك ۋە بالا-چاقا ئاتا قىلغان زات الله نىڭ ئۆزىدۇر...

بۇ مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىنىڭ ئارقىسىدا الله نىڭ كاتتا ساۋابى بار. بۇ ساۋاب مال ۋە بالا پىتنىسىنى يېڭىپ تاشلىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ. شۇنداق ئىكەن ھېچكىم ئامانەت تەكلىپلىرىدىن ۋە جىھاد قۇربانلىقلىرىدىن ئولتۇرۇۋالمىسۇن! مانا بۇ ئاجىز ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي مەدەت ۋە ياردەمدۇر. ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇنىڭدىكى ئاجىز نۇقتىلارنى ياخشى بىلىدۇ. ﴿وَخُلِقَ الْإِنْسَانُ ضَعِيفًا﴾ <ئىنسان ھەقىقەتەن ئاجىز يارىتىلدى> (سۈرە ئىنسان 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ھەقىقەتەن بۇ — ئېتىقاد، تەسەۋۋۇر، تەربىيە، كۆرسەتمە، پەرز ۋە تەكلىپاتلار ھەققىدىكى كامىل يولدۇر. بۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان الله نىڭ يولىدۇر چۈنكى ئۇ ياراتقۇچى زاتتۇر. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ <ياراتقان زات بىلمەمدۇ!؟ ھالبۇكى ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان زاتتۇر> (سۈرە مۇلك 14- ئايەت).» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### ئىماننىڭ ئىككىنچى رۇكنى: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

سوئال: «پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەننىڭ ماھىيىتى نىمە؟

جاۋاب: «پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش» بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ كائىناتتا ئورۇندايدىغان ئەمەللىرى بارلىقىنى تەستىقلاشتۇر. پەرىشتىلەر بولسا غەيب ئالەمنىڭ مەخلۇقاتلىرى بولۇپ، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز لېكىن ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شەك ئارىلاشمىغان جەزمىي ھالەتتە ئىمان كەلتۈرىمىز. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله قا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار): <الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، بەزىسىگە ئىمان كەلتۈرمەي قالمايمىز)> دەيدۇ» (سۈرە بەقەرە 285- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ «كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 136- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سوئال: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەرىشتىلەرگە قايسى يوسۇندا ئىمان كەلتۈرىدۇ؟

جاۋاب: ئۇلار پەرىشتىلەرگە ئومۇمىي (إجمالًا) ۋە تەپسىلىي ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئىسمى ئاتالمىغان پەرىشتىلەرگە ئومۇمىي (إجمالًا) ئىمان كەلتۈرىدۇ، الله تعالى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىغا سەھىھ دەلىل كەلگەن پەرىشتىلەرگە تەپسىلىي ئىمان كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھىيگە مۇئەككەل پەرىشتە، مىكائىل يامغۇرغا مۇئەككەل پەرىشتە، ئىسرافىل سۇر چېلىشقا مۇئەككەل پەرىشتە، ئۆلۈم پەرىشتىسى جان ئېلىشقا مۇئەككەل، مالىك دوزاخنىڭ ساقچىسىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

************

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ السَّاعِدِيِّ رضي الله عنه قَالَ: أَتَى النَّبِيَّ ﷺ رَجُلٌ، فَقَالَ: «يَا رَسُولَ اللَّهِ دُلَّنِي عَلَى عَمَلٍ إِذَا أَنَا عَمِلْتُهُ أَحَبَّنِي اللَّهُ وَأَحَبَّنِي النَّاسُ؟» فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «ازْهَدْ فِي الدُّنْيَا يُحِبَّكَ اللَّهُ، وَازْهَدْ فِيمَا فِي أَيْدِي النَّاسِ يُحِبُّكَ النَّاسُ».

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

سەھل ئىبنى سەئدى سائىدىي رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن ئۇنى قىلسام الله ۋە كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <دۇنياغا زاھىد بولغىن (يەنى ئۇنىڭغا بېرىلمىگىن)، الله سېنى ياخشى كۆرىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە زاھىد بولغىن (يەنى قىزىقمىغىن)، كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرىدۇ> دېدى» (ئىبنى ماجە توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

زاھىدلىقنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى بولسا بىر نەرسىنى تۆۋەن ساناپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش دېگەن مەنىدە، شەرىئەتتىكى مەنىسى بولسا ئېنىق جەزم قىلىنغان ھالالدىن زۆرۈرىيەت مىقدارى ئېلىش ياكى ئىستېمال قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ قەلبىي ئەمەللەردىندۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ سۇلايمان دادىسىغا: «سەن بىر كىشىگە <زاھىد> دەپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن چۈنكى زاھىدلىق دېگەن قەلبتە بولىدۇ» دېدى. زاھىدلىق توغرۇلۇق ئۈچ تۈرلۈك چۈشەندۈرۈش كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بەندە الله نىڭ ئىلكىدىكى نەرسىگە ئۆزىنىڭ قولىدىكى نەرسىدىنمۇ بەكرەك ئىشەنچ قىلالىغان بولۇشىدۇر. بۇنداق ھالەت جەزمىيەتتىن ۋە الله تعالى ئۆز بەندىلىرىنىڭ رىزىقلىرىدىن كېپىل بولغان نەرسىگە ھەقىقىي ئىشەنچ قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾ «يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر» (سۈرە ھۇد 6- ئايەت).

ئىككىنچى، بەندە مال-دۇنياسى ياكى بالا-چاقىسىنىڭ كېتىپ قالغىنىغا ئوخشاش (يەنى تۈگەپ كەتكىنىگە ئوخشاش) دۇنياسىغا يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ئاخىرەتتىكى ساۋابىغا، شۇ مال-مۈلۈك ياكى بالا-چاقىسىنىڭ ئۇ كىشىگە قېلىپ قالغىنىدىنمۇ بەكرەك قىزىققان بولۇشىدۇر. بۇ خىل ھالەت جەزمىيەتتىن پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ — دۇنيادا زاھىد بولۇشقا ۋە دۇنياغا ناھايىتى ئاز قىزىقىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «بىزگە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى يەڭگىل كۆرسىتىدىغان

(ئاخىرى 2- بەتتە)








■ سۈرىيەدە 2017- يىلى 1- ئايدىن 4- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 91 دانە تانكىسى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ۋەيران بولغان بولۇپ، ھاما ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان يېقىنقى جەڭلەر جەريانىدىلا 42 دانە تانكىسى پاچاقلاپ تاشلانغان.

■ 4- ئاي ئىچىدە سۈرىيەدە بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر جەريانىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي قوماندانلىرى ۋە مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 101 نەپىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 4- ئاينىڭ 28-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى «مەنسۇر ئەمەلىيەتلىرى» ناملىق شىددەتلىك جەڭنى باشلىغاندىن بۇيان، ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان زىبەك رايونىنى فەتھ قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى بەندەر رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى 2 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل ۋە 18 نەپەر ئەسكەر قورال-ياراقلىرى بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■5- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى بەتىكوت رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 1 دانە تانكا ۋە نۇرغۇن ئەسكىرىي ماشىنىلار ۋەيران بولغان، 6 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى تەچراگان رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 2 نەپىرى يارىلانغان.

■ 5- ئاينىڭ 2- كۈنى رۇسىيە ھۆكۈمىتى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتى خالفايا يېزىسىدا ئۆزىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالىنىڭ مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

■5- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم جاي بولغان شەكاشىن رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر نەچچە ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئەسكىرىي پونكىتلارنى فەتھ قىلغان ھەمدە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە بىر قانچە ئەسكىرىي ماشىنىلارنى غەنىيمەت ئالغان. ئۇندىن باشقا، ئافغانىستان ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 10 نەچچىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، 3 نەپىرىنى ئەسىرگە ئالغان.

■5- ئاينىڭ 2- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 20 گە يېقىن ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان شۇنداقلا كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ئەسكىرىي ماشىنا غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 5- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ھارۋا رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر ئىستىخبارات مەسئۇلىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 5- ئاينىڭ 4- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ غەربىي غۇتا رايونىدا ھىزبۇللات كاپىرلىرىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر نەپەر قوماندانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 8 نەپەر شىئە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ ئالدىنقى ھەپتە ئىچىدە كاپىر قوشۇنلىرى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتى تىرىنكوت رايونىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قەدەم قىلىشى بىلەن كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ 22 دانە تانكا ۋە ئەسكىرىي ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ ھەيئەتۇ تەھرىر شام بىرلىكى قۇرۇلۇپ 100 كۈن جەريانىدا الله نىڭ ئىزنى بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى تۆۋەندىكىچە:

كاپىر ئارمىيىسىنىڭ 28 دانە تانكا، 10 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى BMP، 4 دانە تراكس، 7 دانە شالاكا، 6 دانە دوشكا قويۇلغان ماشىنا، 2 دانە 57mm لىق زەمبىرەك ۋە بىر دانە جاسۇس ئاروپىلانى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان؛ كاپىرلارغا قارشى 12 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ۋە 10 قېتىم ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىلغان؛ كاپىر قوشۇنلىرىدىن جەمئىي 850 دىن ئارتۇقى ئۆلۈپ، 10 دىن ئارتۇقى مۇجاھىدلار قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن؛ 19 نەپەر مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز كاپىرلارنىڭ تۈرمىسىدىن ئازات قىلىنغان؛ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز 40 قېتىم كاپىرلارنىڭ ئىلگىرىلەشلىرىنى توسۇپ قالغان ھەمدە بۇ جەرياندا 9 دانە تانكا، 3 دانە BMP، 3 دانە تراكس ۋە نۇرغۇنلىغان ئېغىر-يېنىك تىپتىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى «مەنسۇر ئەمەلىيەتلىرى» جەريانىدا ئافغانىستاننىڭ سارىپول ۋىلايىتى سەيياد رايونىدىكى 15 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئەسكىرىي مەسئۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 01 نەچچە نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە نۇرغۇنلىرى يارىلانغان.

■ ئالدىنقى ھەپتە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى خانئاباد رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ 11 دانە تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ۋە نىياز مۇھەممەد ئىسىملىك بىر نەپەر قوماندانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 52 نەپەر ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان. ئۇندىن باشقا، 2 دانە تانكا ۋە كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان. بۇ جەڭ ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

■ 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەلقائىدە تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى ئالجىرىيىنىڭ ئەين دەخلا ۋىلايىتى مەقورنۇ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 3 نى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىدە ئابدۇلغەفۇر ئىسىملىك بىر تەشۋىقات مەسلىھەتچىسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان. بۇ مۇرتەد بولسا ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدا مۇجاھىدلارغا قارشى نۇرغۇنلىغان زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان ئىدى.

■ 5- ئاينىڭ 9- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بايبىكول ۋىلايىتى جوفجىدو شىبىلۇ رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 20 گە يېقىن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| جَزَرٌ | سەۋزە | بِكَمْ كِيْلُو الْجَزَرِ؟ | سەۋزىنىڭ كىلوسى قانچە پۇل؟ |
| خِيَارٌ | تەرخەمەك | أَكَلَ أَحْمَدُ الْخِيَارَ | ئەھمەد تەرخەمەك يېدى |
| يَأْكُلُ | يېيىش | لَا آكُلُ الطَّعَامَ لِأَنَّنِي شَبْعَانُ | قورسىقىم توق، تاماق يېمەيمەن |
| لَبَنٌ | قېتىق | هَلْ فِي الدُّكَّانِ لَبَنٌ؟ | دۇكىنىڭىزدا قېتىق بارمۇ؟ |
| طَمَاطِمُ | پەمىدۇر | يَأْكُلُ بَكْرٌ طَمَاطِمَ | بەكرى پەمىدۇر يەۋاتىدۇ |
| بَطَاطِسُ | ياڭيۇ | هَاتِ بِكِيْلُو بَطَاطِسَ | ياڭيۇدىن بىر كىلو بىرىڭ |
| بَصَلٌ | پىياز | هَاتِ بِكِيْلُو بَصَلٍ مِنَ السُّوقِ | بازاردىن پىياز ئالغاچ كېلىڭ |
| أُرْزٌ | پولو | نُرِيْدُ أَنْ نَأْكُلَ الْأُرْزَ الْيَوْمَ | بۈگۈن پولو يەيلى |
| ذُرَّةٌ | قوناق | هَلْ نَضِجَتْ الذُّرَّةُ؟ | قوناق پىشتىمۇ؟ |
| حِذَاءٌ | ئاياغ | حِذَاءُكَ خَلُقَ جِدًّا | ئايىغىڭ بەك كونىراپ كېتىپتۇ |
| فُسْتَانٌ | كۆينەك | إِنَّ فُسْتَانَكَ جَمِيْلَةٌ جِدًّا | كۆينىكىڭ بەك چىرايلىق ئىكەن |
| نُقُودٌ | پۇل | أَيْنَ صَرَافُ النُّقُودِ؟ | پۇل تېگىشىدىغان يەر قەيەردە؟ |




1. تۆۋەندىكى رەسىمدىكى خاتالىقنى تاپالامسىز؟




2. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

بىر نەرسە بار بەك كىچىك،
خۇددى تىرناق ئۇچىدەك.
ئىشچانلىقتا نامى بار،
توپ-توپ ياشار غوۋچىدە.
پۇراق بىلەن يول تاپار،
خۇددى ئۇستا ئۇۋچىدەك.



ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. دەرەخ.
2. چۈنكى ئۇ ئۇۋچى كەينىچە ماڭغان.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1- بەتتە)

جەزمىيەت ئاتا قىلغىن» دېگەن دۇئاسى باردۇر.

ئۈچىنچى، ئۆزى ھەق بولغان مەسىلىلەردە باشقىلار تەرىپىدىن ماختىلىش ياكى سۆكۈلۈشكە ئۇچرىغاندا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولۇشتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «جەزمىيەت دېگەن — الله نى غەزەپلەندۈرۈش بەدىلىگە كىشىلەرنى رازى قىلماسلىقتۇر». ھەسەنۇل بەسرى رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «زاھىد دېگەن — بىر كىشىنى كۆرگەندە <ئۇ مەندىن ئەۋزەل> دېيەلىگەن كىشىدۇر». ۋەھب ئىبنى ۋەرد رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا زاھىد بولۇش دېگەن — سەندىن يوقاپ كەتكەن نەرسىگە ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىڭ ۋە ساڭا بېرىلگەن نەرسىگە خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكىڭدۇر». ئىمام زۇھرى مۇنداق دېگەن: «زاھىدلىق دېگەن — ھارامنى تەرك ئېتىشتە سەۋر قىلىش ۋە ھالالنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشتىن غەپلەتتە قالماسلىقتۇر». سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «دۇنياغا زاھىد دېگەن — نېئمەت بېرىلسە شۈكۈر قىلىدىغان، ئىمتىھان قىلىنسا سەۋر قىلىدىغان كىشىدۇر». رەبىئە: «زاھىدلىق — نەرسىلەرنى ئۆز ھەققى بىلەن ئېلىپ، ئۆز ھەققىگە قويۇشتۇر» دېگەن. سۇفيان سەۋرى: «دۇنياغا زاھىد بولۇش دېگەن — ئاددىي-ساددا يېيىش ۋە كىيىش ئەمەس بەلكى دۇنيا ئارزۇسىنى ئاز قىلىش دېگەنلىكتۇر» دېگەن. ئىمام ئەھمەد: «دۇنياغا زاھىد بولۇش دېگەن — ئارزۇ-ئارماننى ئاز قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن ئۈمىد ئۈزۈش دېگەنلىكتۇر» دېگەن.

زاھىدلىققا ئۈندەيدىغان ئىشلار بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئاخىرەتنى ۋە جازا-ھېساب كۈنىدە ياراتقۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش. شۇ ۋاقىتدا ئۇ ئادەم شەيتان ۋە ھاۋايى-ھەۋەس ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ ھەمدە ئۆز نەپسىنى دۇنيانىڭ يوقىلاڭ لەززەتلىرىدىن قايتۇرالايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى — ھارىس رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ گە: «مەن ھەقىقىي مۇئمىن بولدۇم» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەر بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى بار، سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «مەن نەپسىمنى دۇنيادىن تارتتىم شۇڭا كېچىنى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزنى ئۇسسۇز ئۆتكۈزدۈم؛ خۇددى رەببىمنىڭ ئەرشىگە ئوچۇق قاراۋاتقاندەك، جەننەتتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى زىيارەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك، دوزاختا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىڭراۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدۇم» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ھارىس، سەن ھەقىقەتەن ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپسەن، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلما» دېدى (ئىبنى ماجە توپلىغان).

2. دۇنيانىڭ لەززەتلىرى قەلبلەرنى الله تىن يۈز ئۆرۈتىدۇ شۇڭا ئۇنىڭغا زاھىد بولماسلىق (يەنى ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىش) الله نىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىلەرنى كېمەيتىۋېتىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئالدىدا ھېساب ئۈچۈن ئۇزۇن توختىتىپ قويىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر» (سۈرە تەكاسۇر 8- ئايەت).

3. دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈشتە خار-زەبۇنلۇق، ھېرىپ-چارچاش ۋە خەۋپ-خەتەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى؛ دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ تېز يوقىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر دۇنيا الله نىڭ نەزىرىدە بىر پاشىنىڭ قانىتىغا باراۋەر بولغان بولسا ئىدى، الله كاپىرلارنى بىر يۇتۇم سۇ بىلەنمۇ سۇغارمايتتى» (تىرمىزى توپلىغان).

4. دۇنيانىڭ الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «الله نى ئەسلەش، الله ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر ۋە ئالىم ياكى ئۆگەنگۈچىدىن باشقا ھەممىسى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغۇچىدۇر» (تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان). يەنە بىر نەقىلدە: «الله نىڭ رىزالىقى تەلەپ قىلىنمىغان ئىش الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولغۇچىدۇر» دەپ كەلگەن.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## ئالدىنقى ساندىكى ۋەقەلىكتىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، شۇرا قىلىش پەرز بولىدىغان ئورۇنلار بار، مۇستەھەب بولىدىغان ئورۇنلار بار، ھەتتا ھارام بولىدىغان ئورۇنلار ھەم بار.

1. پەرز بولىدىغان ئورۇنلار بولسا خەلىپە سايلاش، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەمىرىنى سايلاش (يەنى بۇ مەسىلىلەردە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى تۇتۇش ۋاجىب) ۋە ئۆزى بىلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. يەنى ئۆزى بىلمىگەن ئىشلارنى بىلىدىغانلاردىن سوراش ۋە بىلىدىغانلارنىڭ پىكرىنى تۇتۇش ۋاجىبتۇر. بۇ — شەرىئەتنىڭ «بىلمىسەڭلار بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار ياكى ئامانەتنى ئەھلىگە تاپشۇرۇڭلار» دېگەن بابىدىندۇر. ئەگەر بىلىدىغانلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، مەسئۇلنىڭ كۆڭلىدە قايسىسىنىڭ پىكرى توغرا ھەم پايدىلىق بىلىنسە شۇنى تۇتۇش ۋاجىبتۇر. پىكرى تۇتۇلمىغان بىلگۈچىلەرگە نىسبەتەن مەسئۇلغا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋاجىب بولغان بىلەن، مەسئۇل ئۇنىڭ پىكرىنى تۇتماي ئۇنىڭدىن باشقا بىلگۈچىلەرنىڭ پىكرىنى تۇتقان بولسا، مەسئۇلغا ئىتائەت قىلىپ ئۆز پىكرىنى كۆڭلىدە ساقلاپ قېلىش ۋاجىبتۇر.

2. مۇستەھەب ئورۇنلار بولسا ئۆزى ۋە باشقىلارمۇ بىلىدىغان مەسىلىلەردۇر. بۇنىڭدا شۇرا ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشى ۋاجىب، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى تۇتۇش ۋاجىب ياكى ۋاجىب ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، ھېچقايسىسىنىڭ پىكرىنى تۇتۇش ۋاجىب ئەمەس. ئەمىر خالىسا (يەنى پايدىلىق دەپ قارىسا) كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى تۇتىدۇ، خالىسا (پايدىلىق دەپ قارىسا) ئاز سانلىقنىڭ پىكرىنى تۇتىدۇ، خالىسا (پايدىلىق دەپ قارىسا) ئۆزىنىڭ پىكرىنى تۇتىدۇ. پىكرى تۇتۇلمىغانلار ياخشى گۇمان قىلىپ مەسئۇلغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. «توغرا مەسلىھەت بەرسەم تۇتمىدى» دەپ سەپنى پارچىلاشقا ۋە مەسئۇلغا ئىتائەتسىزلىك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى تارقىتىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۆمەر رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مېنىڭ پىكرىم (يەنى مەسلىھەتىم) توغرا تۇرسا نېمىشقا تۇتمايلا؟!» دېمىگەن.

3. ھارام بولىدىغان ئورۇنلار بولسا ئايەت-ھەدىس ۋە ئىجمادا ھۆكۈمى ئېنىق بولغان مەسىلىلەرنى شۇرا قىلىشتۇر. بۇنداق ھۆكۈملەرنى «نەس» دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، ھاراقنىڭ ھاراملىقىغا ۋە روزىنىڭ پەرزلىكىگە ئوخشاش ھۆكۈملەر. شۇڭا «نەس بار يەردە قىياس، ئىجتىھاد ۋە شۇرا ھارامدۇر» دېگەن مەشھۇر شەرئىي قائىدە بار بولۇپ، نەس بار يەردە شۇرا قىلغانلىق دېموكراتىيىنىڭ ئۆزىدۇر، بۇ خىل دېموكراتىيە كۇفرىدۇر.

ئىككىنچى، ئىلغار پىكىرلەرنى ۋە تالانتلىقلارنى قېزىپ چىقىش ھەمدە مەسئۇللار بىلەن ئەزالار ئارىسىدا ئىشەنچ رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار بولسا شۇرانىڭ نۇرغۇنلىغان پايدىلىرى ئىچىدىكى يەنە بىرىدۇر.

ئۈچىنچى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغاندا يىغا كەلمىسىمۇ (رىيا قىلمىغان ھالدا) زورىغا يىغلاشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه ھەققىدىكى قارىشى — ئەلى رضي الله عنه دىن كېيىنكى خەلىپىلەر ھەققىدىكى قارىشىدىن قېلىشمايدۇ چۈنكى ئۇلار ئەلى رضي الله عنه نى «كۇفۇر، زۇلۇم ۋە باتىلغا چۈشۈپ قالغان» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار ئەلى رضي الله عنه غا قارشى جىھاد قىلىشنى «الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت» دەپ قارىشىدۇ. دەل مۇشۇ قاراش سەۋەبلىك ئۇلار ئەلى رضي الله عنه نى «خىلاپەتكە ھەقلىق ئەمەس» دەپ قاراپ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ئۈندىگەن. ئالىملار: «خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى بولسا <تەھكىم>دىن سىرت يەنە ئەلى رضي الله عنه نىڭ تۆگە ئۇرۇشى (يەنى ئائىشە رضي الله عنها نىڭ تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ ئەلى رضي الله عنه غا قارشى جەڭگە يېتەكچىلىك قىلغان) كۈنىدە ئائىشە رضي الله عنها نى ئەسىر ئېلىشتىن توسقانلىقىدۇر» دەپ قاراشتى چۈنكى خاۋارىجلار: «جىھاد ئارقىلىق ئېرىشىدىغان غەنىيمەت ھەققىمىزنى ئەلى بىزدىن تارتىۋېلىپ بىزگە زۇلۇم قىلدى، زۇلۇم دېگەن شېرىكتۇر شۇڭا ئەلىگە قارشى چىقىشىمىز يوللۇق» دەپ ئويلىشۋالغان. دېمەك، خاۋارىجلار داغدۇغىلىق شوئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەقۋادەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى غەنىيمەت دېگەنگە ئوخشىغان دۇنيالىق نەرسىلەرنى دەپ، «مۇنكەرنى توسىمىز» دېگەن پەرداز بىلەن مۇسۇلمانلارغا ياكى ئەمىر-قوماندانلارغا قارشى ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇ. مانا بۇ نۇقتىنى خاۋارىجلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه غا قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدىن كۆرۈۋالالايمىز: «بىزنىڭ سېنى ئۆچ كۆرگەنلىكىمىزنىڭ بىرىنچى سەۋەبى شۇكى، جەمەل (يەنى تۆگە) كۈنى بىز سەن بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدۇق. جەمەلچىلەر مەغلۇپ بولغان چاغدا سەن بىزگە ئۇلارنىڭ لاگېرىدا تاپقان ماللارنى ھالال قىلىپ بەردىڭ لېكىن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئەسىر ئېلىشتىن چەكلىدىڭ» («الفرق بين الفرق» دېگەن كىتاب 78- بەت).

دېمەك، ئەگەر ئەلى رضي الله عنه خاۋارىجلار تەلەپ قىلغاندەك ھەزرىتى ئائىشە رضي الله عنها نى ئەسىر ئېلىپ، چۆرە قىلغان بولسا الله نىڭ: «پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر (يەنى ئۇلارغا چۆرە قىلىش يولى ياكى نىكاھلىنىش يولى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ھارامدۇر)» (سۈرە ئەھزاب 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىگە خىلاپ ھالدا ھارامنى ھالال ساناپ كاپىر بولغان بولاتتى. ئەلى رضي الله عنه نىڭ بۇ خىل كۇفۇر قىلمىشنى تەرك ئەتكەنلىكىگە خاۋارىجلار: «بۇنداق قىلغانلىق (يەنى ئائىشە رضي الله عنها نى چۆرە سۈپىتىدە تەقسىم قىلماسلىق) بىزنىڭ ھەققىمىزنى بەرمىگەنلىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك زۇلۇم قىلغانلىق، زۇلۇم قىلغانلىق بولسا مۇشرىك بولغانلىقتۇر» دەپ تەتۈر ھۆكۈم قىلىشتى (يەنى كۇفرىنى تەرك ئەتكەنلىكنى كاپىرلىق دەپ قاراشتى). قاراڭ بۇ خاۋارىجلارنىڭ جاھىلى مۇرەككەپ (يەنى ئۆزىنىڭ بىلمىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان) بولغانلىقى سەۋەبىدىن «شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مانا بىز ھەقىقىي تەتبىقلايمىز» دەپ داۋراڭ سېلىپ تۇرۇپ قانداق ئاستىن-ئۈستۈن ۋە تەتۈر قىلىۋەتكەنلىكىگە!

مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئۇرۇشقان چاغدا ئەسىرگە چۈشكەن ئەرلەرنى قۇل قىلىش مۇتلەق دۇرۇس بولمىغان يەردە، ئۇلارنىڭ ئايال-باللىرىنى قۇل قىلىش قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن!؟ ئۇلار ئەلى رضي الله عنه دەك ئادىل ۋە پەزىلەتلىك خەلىپىگە قارشى چىقىشنى ھالال سانىغان يەردە، ئۇنىڭدىن تۆۋەن خەلىپىلەرگە قانداقمۇ قارشى چىقمىسۇن!؟ توغرا! ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مۇسۇلمانلار ئۈستىگە پەرزدۇر لېكىن خاۋارىجلارنىڭ بۇ پەرزنى ئورۇنلاشنى باتىل ئۇسلۇب بىلەن باھانە-سەۋەب قىلىپ ئەمىر-ھاكىملارغا قارشى چىقىشى دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئەمىرلەردىكى مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ھەقنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىسلامىي شەرت ۋە پرىنسىپلىرى بار بولۇپ، مانا بۇ شەرئىي شەرت، پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغاندا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مېۋىسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ چۈنكى ھەربىر ئىنسان ئۆزى مۇنكەر دەپ قارىغان ئىشنى ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بىر مۇنكەر بىلەن ئۆزگەرتىشى دۇرۇس بولىدىغان بولسا، ئاقىۋەتتە كىشىلەر پىتنە-پاسات، ئىنتىزامسىزلىق، تەشكىلسىزلىك ۋە جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ زىيانلار مەيدانغا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا (يەنى مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ ئىنتىزامىدىن چىقىپ كەتسە) ئۇنداقتا ئۇ كىشى ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى بوينىدىن يېشىۋەتكەن بولىدۇ (يەنى ئەمىرنىڭ ئىنتىزامىدىن ئايرىلغان كىشى پادىچىنىڭ قولىدىكى ئارغامچىدىن بوينىنى چىقىرىۋېلىپ بۆرىلەرنىڭ ۋە يىرتقۇچلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىش خەتىرىگە ئۆزىنى دۇچار قىلغان بولىدۇ)» (تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)





# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# ھاۋانى كونترول قىلىش

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

«نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇسۇللار» توغرۇلۇق كەلتۈرۈلگەن مىساللار:

بۇ ۋاقىتلاردا ئىراق ئارمىيىسىنىڭ رۇسلارنىڭ ۋە فرانسىيىنىڭ ھەربىي سانائىتىنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېتەرلىك ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى بار ئىدى. سادامنىڭ ھاۋا ئارمىيە مۇداپىئە قىسمىغا قارىتا بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ گېنېرالى خورنېرنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئىشەنچىسى بار ئىدى چۈنكى ئۇ بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيە كۈچىنىڭ سادامنىڭ مۇداپىئە قىسمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بىرلەشمە ئارمىيە تۇنجى قەدەمدە رادار ئىزدىگۈچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئارقىلىق ئىراق ئارمىيىسىنىڭ رادارلىرىنى كاردىن چىقىرىۋەتتى. بىرلەشمە ئارمىيە كۆپ كۈچىمەيلا ئىراقنىڭ ھاۋا مۇداپىئە قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىرلەشمە ئارمىيە ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى چوڭ تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئارقىلىق ئىراقنىڭ كۆۋەيتتىكى قىسمىنى بومباردىمان قىلىپ، ئىراق ئاساسىي قىسمى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىراق ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيە مۇداپىئە قىسمىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى بىراق سادام ئۆزىنى قانداق بىر ھالەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ يېتەلمىدى.

«كۈچ سېلىشتۇرمىسى» توغرىسىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللار:

پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىراق ئارمىيىسىنىڭ قولىدىكى ئەڭ خەتەرلىك قوراللارنىڭ بىرى يەردىن يەرگە قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا بولۇپ، بۇ بومبىنىڭ مۇساپىسى 280 كىلومېتىر ئىدى. يەنى، بۇ بومبىنىڭ مۇساپىسى ئىراقتىن ئىسرائىلىيىگە يېتەتتى. بۇ بومبىنىڭ ئوقبېشىغا بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك ياكى يادرولۇق ئوقبېشىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە بۇ ئۇرۇشتا توغرىلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان لازېر نۇرلۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا، رادارغا چۈشمەيدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان، رادار سىگنالىنى قوغلاپ ھۇجۇم قىلىدىغان رادارغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق ئالاھىدە تېخنىكىلىق قوراللارنى ئىشلەتتى. رادارلىق ئايروپىلانلار ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئىراق ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى يىراق ئارىلىقتىن يۇقىرى توغرىلىقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بومباردىمان قىلدى.

ئىراق ئارمىيىسىدە ھاۋا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تېخنىكىلىق قوراللار يوق بولۇپلا قالماي تېخى ئۇلار بۇ قوراللارنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپمۇ يېتەلمىگەن ئىدى.

«ئىستىخبارات» توغرۇلۇق كەلتۈرۈلگەن مىساللار:

ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلەر ئۆزلىرى قارشى تۇرماقچى بولغان دۈشمەننىڭ كەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ كىمگە قارشى تۇرماقچى بولغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىپ نىشانغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

1940- يىلىدىكى گېرمانىيىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ھاۋادىن ئېلىپ بارغان ھۇجۇمىدا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىستىخبارات جەھەتتە ناھايىتى بىپەرۋالىق قىلغان ئىدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيە قىسمى رادارلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالمىغان ۋە جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ سانىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان ئىدى.

ئەنگلىيە ئارمىيىسى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلەتتى شۇڭا ئۇلار بۇنىڭغا قارىتا ئىدىيە جەھەتتىن كۆپ تەييارلىقلارنى قىلالىدى ئەمما گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۆزلىرى مۆلچەرلىگەندىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ناھايىتى ھەيران قالدى.

1990- يىلى سادام باشچىلىقىدىكى ئىراق ئارمىيىسى ئىستىخبارات جەھەتتە ئۆزلىرى ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەھۋاللارغا قارىتا ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنى كۈتۈۋاتقىنى پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان بىر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشى ئىدى. دەل ئەكسىچە، 1990- يىلى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلىرى ئىراق ئارمىيىسىنىڭ مۇداپىئە قىسمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. بۇلارغا نىشانلىرى توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلدى ۋە ھاۋادىن تولۇق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھاۋا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقتى.

**1991- يىلى 1- ئاي، ئىراق ۋە 1940- يىلى 8- ئاي، فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمى**

تاجاۋۇزچى قىسىم ھاۋانى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش

ئۇرۇش پىلانى تۈزگۈچىلەر تۈزۈلگەن ئۇرۇش پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ۋە كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان پىلاننى ئىجرا قىلىشتىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە قىسمى دەسلەپتە ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيە مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن گېرمانىيىنىڭ دەسلەپتە تۈزگەن ئۇرۇش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەريانىدا ئۇرۇش ۋەزىيىتى گېرمانىيە ئۈچۈن پايدىسىز بولغان ئىدى، بۇ ئەھۋالغا قارىتا گېرمانىيە ئارمىيىسى 1000 دىن ئارتۇق ھۇجۇمچى ئايروپىلانلارنى ئىشلىتىپ لوندوننى بىۋاستە بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزىگە پايدىلىق ھالەتكە ئۆزگەرتتى.

1991- يىلى 1- ئاينىڭ 16- كۈنى كېچە

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ «F-17 چۈغۈندەك» ناملىق كۆرەشچى ئايروپىلاندىن ئېتىلغان، تەخمىنەن بىر توننا ئېغىرلىقتىكى لازېر نۇرى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئىراق ھۆكۈمىتىنىڭ تېلېفون ئالاقە بىناسىنى تۈزلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «F-17 چۈغۈندەك» ناملىق باشقا 7 دانە كۆرەشچى ئايروپىلاندىن ئېتىلغان بومبىلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا ئورۇنلاردىكى ئالاقە مەركەزلىرىنى، ھاۋا ئارمىيە مەركەزلىرىنى ۋە شەھەرنىڭ قوماندانلىق ئورۇنلىرىنى بومباردىمان قىلدى. ئالتە مىنۇتتىن كېيىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا «F-17 چۈغۈندەك»تىن ئېتىلغان 54 دانە باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدنىڭ تۇنجىسى ئىراق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىناسىنى ۋەيران قىلدى. بۇ سىنارەدلەر ئارقىلىق يەنە سادامنىڭ ئوردىسى، توك-ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلار ئارقا-ئارقىدىن بومباردىمان قىلىندى. بۇ جەريانلار بولسا «قۇملۇق بورىنى» ھەرىكىتىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىراققا ئېلىپ بارغان ھاۋادىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئامېرىكا ئارمىيىسى 15 دانە ھۇجۇمچى ئايروپىلانى ئارقىلىق ئىراق ئارمىيىسىنىڭ رادار سىستېمىلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، ئىراق ئارمىيىسىنى ھاۋا ھۇجۇمىغا ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك بومباردىمان قىلىشى ۋە ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھاۋا مۇداپىئە مەركىزىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ 11- كۈنى ئىراق ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئايروپىلانلارنى ئېلىپ ئىران تەرەپكە قاراپ قاچتى، شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ئارمىيە ھاۋادىن تولۇق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى خورنېرنىڭ ھاۋانى كونترول قىلىش ئۇرۇش پىلانى كىشىلەرنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك ئۈنۈملۈك بولدى.

گەرچە ھاۋانى كونترول قىلىش ھازىرقى زاماندىكى ئۇرۇشلاردا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم سەۋەب بولسىمۇ بىراق يەر يۈزى قىسمىنىڭ رولىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، يەر يۈزى قىسمىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەندە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھاۋانى كونترول قىلىش ئۇرۇش پىلانى تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تۈزۈلىدۇ:

1. نىشان ئېنىق بولۇش
2. نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئۇسۇللار
3. كۈچ سېلىشتۇرمىسى
4. ئىستىخبارات
5. ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش

# پەيغەمبەر تىبابىتى بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

**توخۇ**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ توخۇ گۆشى يېدى» («سەھىھ بۇخارى» 5517- ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 1649- ھەدىس).

توخۇ گۆشى بىرىنچى دەرىجىلىك ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ئاشقازانغا يەڭگىل، ھەزىم قىلىنىشى تېز، خىلتى ياخشى، مېڭىنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئاۋازنى سازلايدۇ، چىراينى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئەقىلنى كۈچلەندۈرىدۇ، ياخشى قان ئىشلەيدۇ. ئۇ ھۆللۈككە مايىل.

خوراز گۆشىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، ھۆللۈكى ئاز. ئۇ ئۈچەي توسۇلۇپ قېلىش، زىققا ۋە قويۇق يەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇ قىزىل ئاپتەپپەرەس ۋە نېپىز دارچىننىڭ سۈيى بىلەن پىشۇرۇلسا يۇقىرىقى كېسەللەرگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. توخۇنىڭ تاشلىقىنىڭ ئوزۇقلۇقى ياخشى، ھەزىم قىلىنىشى تېز. چۈجىلەرنى ھەزىم قىلىش تېز، تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ.

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

**قەۋزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاددى چارىسى**

چوڭ تەرەتنى قىسسىۋېلىش چوڭ ئۈچەي راكىنى پەيدا قىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى ھەيدەيدىغان يېمەكلىكلەر:

1. يېمەكلىك تالاسى مول بولغان قارا ئاشلىق ۋە سەي - كۆكتات

ئاقارتىلغان ئۇننى ئاز ئىستېمال قىلىپ، قوناقنى كۆپرەك يېيىش. سەۋزە، پالەك، تاتلىقياڭيۇ، نەشپۈت قاتارلىق سەي - كۆكتات ۋە مېۋىلەرنىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

2. سۇ

ئورۇندىن تۇرۇپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن سۇ ئىچسە، سۇنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە ئۈچەي تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى ئىستاكان سۇ ئىچىش بىر قەدەر مۇۋاپىق. ئىلمان سۇغا قارىغاندا سوغۇق سۇ ئۈچەينى بەكرەك غىدىقلايدۇ شۇڭا سوغۇق سۇ ئىچسە تېخىمۇ ياخشى.

3. دانلىق زىرائەت ۋە پۇرچاقلار

ئادەتتىكى گۈرۈچ ۋە قىزىل پۇرچاقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. پۇرچاقنىڭ ھەممىسىدە مول يېمەكلىك تالالىرى بولىدۇ. دائىم يەپ بەرگەندە يېتەرلىك مىقداردىكى سۈپەتلىك ئاقسىل ۋە ۋىتامىنلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4. ئالما

قەۋزىيەت بولغاندا ئالما شۆپۈكىنى ئاقلىماي يېسە، ئىچى سورۇپ قالغاندا ئالمىنىڭ شۆپۈكىنى ۋە دادۇرنى يېسە (إن شاءالله) تېخىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ.

5. قېتىق

ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە گىرىپتار بولغانلار قېتىقنى ھەر كۈنى ئىچىپ تۇرۇشى لازىم.